شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 12 - ئاي
18
جۈمە
维吾尔文 12 月18日

新疆日报社出版　شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25279 - سان　بۈگۈن 4 بەت

# ئالدىنقى 11 ئايدا شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەدىن توك چىقىرىپ پايدىلىنىش نىسبىتى سىجىل ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پىراكتىكانت **جاڭ بىنبىن**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى 11 ئايدا شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەدىن توك چىقىرىشنىڭ ئومۇمىي ئايلىنىش ئەھۋالى سىجىل ياخشىلىنىپ، شامال ئېلېكتىردىن پايدىلىنىش نىسبىتى جەمئىي %89.5كە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.9 پىرسەنت پوئېنت ئاشقان؛ يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى جەمئىي %95.3كە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.0 پىرسەنت پوئېنت ئاشقان.

11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ ئېلېكتىر تورى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆلچىمىنىڭ گېنېراتورلار سىغىمى 95 مىليون 643 مىڭ 700 كىلوۋات بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، شامال ئېلېكتىرنىڭ گېنېراتورلار سىغىمى 20 مىليون 149 مىڭ 300 كىلوۋات بولۇپ، گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمىنىڭ %21.07نى ئىگىلىگەن؛ يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرىش گېنېراتورلار سىغىمى 10 مىليون 286 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، گېنېراتورلار ئومۇمىي سىغىمىنىڭ %10.75نى ئىگىلىگەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ

# يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم نىزامى»نى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى** مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بۇيرۇق ئىمزالاپ، يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم نىزامى»نى ئېلان قىلدى، 2021 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«نىزام»دا شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ھەربىي كومىتېت ئومۇمىي جەھەتتىن باشقۇرۇش، ئۇرۇش رايونى ئاساسلىق ئۇرۇش قىلىش، ئارمىيە تۈرلىرىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇش ئومۇمىي پرىنسىپى بويىچە، بىرلەشمە جەڭنىڭ ئۆلچەم كاپالەت تەلىپى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مەۋقە ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم قۇرۇلۇشى ۋە كاپالەت ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىگە قويۇلۇپ، پىششىقلاپ تەجرىبە، ئۇسۇللارغا ۋارىسلىق قىلىنىپ، ئەمەلىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىش نەتىجىلىرى قوبۇل قىلىنىپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئەلالاشقان، ماسلاشقان يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم باشقۇرۇش سىستېمىسى، تېخنىكا سىستېمىسى ۋە نازارەتچىلىك تۈزۈمى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى پۈتكۈل جەريانلىق خىزمەتلەرنى يۇرۇشتۇرۇش قېلىپلاشتۇرۇلدى.

«نىزام» جەمئىي توققۇز باب، 44 ماددا بولۇپ، ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، ئاساسىي پرىنسىپى، باشقۇرۇش ئىش تەقسىماتى قاتارلىقلار ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، يۈرۈشۈش مېخانىزمى ئەلالاشتۇرۇلۇپ، ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم خىزمىتىنىڭ يېڭى تۈزۈلمە ئىچىدە ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم تېخنىكا ئاپپاراتى، ئۆلچەم ئۆلچىمى، ئۆلچەم تەكشۈرۈش خادىمى، ئۆلچەم تېخنىكىسىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش تاكامۇللاشتۇرۇلۇپ، ئارمىيەنىڭ يەرلىكنىڭ ئۆلچەم مۇلازىمىتىنى سېتىۋېلىش قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم تېخنىكىسى سىستېمىسى ئومۇميۈزلۈك قايتا بەرپا قىلىنىدۇ. ئارمىيەنىڭ ئۆلچەم كاپالىتىنى تەشكىللەش يولغا قويۇش شەكلى ۋە ئۇسۇلى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، ئۆلچەم دەۋرىيلىكىنى تەكشۈرۈش، كاپالەت مۇندەرىجىسى، كاپالەت ئەندىزىسى بېكىتىلىپ، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئارمىيە ئۆلچىمىنىڭ ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى ساھەنى قاپلىغان نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئەندىزىسى بەرپا قىلىنىپ، قىسىمنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئۆلچەم كاپالىتى ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلىدۇ.

### دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىش ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى

# ئاپتونوم رايونىمىز ھەر يىلى 600 مىليون يۈەن ئەتراپىدا داۋالىنىش خىراجىتىنى تېجەپ قالدى

نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى جۈنشيا**، پىراكتىكانت **ئاراشجاپ پاما**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاچقان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەتنىڭ دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېتەرلىك مىقداردا سېتىۋېلىشنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىزچىللاشتۇرغان، ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن بۇيان، ھەر يىلى ئاغرىقلار ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندى ئۈچۈن 600 مىليون يۈەن ئەتراپىدا داۋالىنىش خىراجىتى چىقىمىنى كېمەيتكەن.

دۆلەتنىڭ دورىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېتەرلىك مىقداردا سېتىۋېلىشنى تەشكىللىشى ئاممىنىڭ دورا ھەققى يۈكىنى تۆۋەنلىتىش، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ تەدبىرنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2019 - يىلى 12 - ئاي، 2020 - يىلى 4 - ئاي، 2020 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ تۈركۈمدە دۆلەتنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى، تاللانغان جەمئىي 112 خىل دورا يۇقىرى قان بېسىمى، قەنت كېسىلى، ئۆسمە كېسەللىكى، روھىي كېسەللىك، يۇقۇملىنىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن داۋالاش ساھەسىگە چېتىلىدىغان بولۇپ، دورا باھاسى ئەسلىدىكى باھا بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىردەك %50تىن كۆپرەك تۆۋەنلىدى، بەزى دورىلارنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى %90تىن يۇقىرى بولدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

يېڭى باشلىنىش　يېڭى مۇساپە

# يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش　پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىش

شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»غا نەزەر

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ يى

تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنى مول ھوسۇل شادلىقى قاپلىدى، بىپايان يېزىلارنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇدى. «13 - بەش» يىل مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى باش تۇتقا قىلىپ، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى، يېزا - كەنتلەرنىڭ قىياپىتى يېپيېڭى تۈسكە كىردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - كەسىپنىڭ قوشۇلما قىممىتى «12 - بەش» يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 155 مىليارد 910 مىليون يۈەندىن 2019 - يىلىدىكى 178 مىليارد 180 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 9425 يۈەندىن 13 مىڭ 122 يۈەنگە كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئاساسىنى پۇختىلىدى، ئۇنىڭغا غەيرەت - شىجائەت قوشتى.

**«كۆك - تاق» تېخىمۇ موللاشتى «ئاشلىق» تېخىمۇ بىخەتەر بولدى**

مول ھوسۇل ئېلىش يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئۆزگەرمەس باش تېما، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن مۇقىم تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بۇرچى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### 1 مىليوندىن ئارتۇق نان!

# قۇربان تاغىنىڭ يۇرتىنىڭ نانلىرى تيەنجىندە سېتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان**(مۇخبىر يۈ تاۋ) ئىلگىرى ھەممە ئادەم بىلىدىغان قۇربان تاغىنىڭ ئۆيى كېرىيە ناھىيەسىدە. ھازىر، ئۇ يەردىكى كىشىلەر نانچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنىڭ مۇھىم يولى قىلدى. تيەنجىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ ياردىمىدە، شۇ جاينىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق نېنى تيەنجىندە سېتىلدى.

نان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ياقتۇرىدىغان يېمەكلىك، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ ئۇزاق يىللىق نان يېقىش تارىخى بار. 2018 - يىلدىن باشلاپ، تيەنجىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى ۋە نامراتلارنى يۆلەيدىغان باشقا ئورۇنلار «باشلامچى كارخانا + كەنت كوللېكتىپ ھەمكارلىق كوپېراتىپى + نامرات ئائىلە» ئەندىزىسى ئارقىلىق، كېرىيە ناھىيەسى «گۈزەل قاشتېشى مەززىلىك نانلىرى»

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شەۋكەت ئىمىن چىرا ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋىئوسكا ئېبسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى

# ئىشەنچنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىر **ئوۋياڭ خېيى** خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن چىرا ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋىئوسكا ئېبسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# قىممەتلىك «سەھرا پۇرىقى»دىن ياخشى پايدىلىنايلى

سۆز ھەممىگە

□ جاڭ بېي

تاغ جىلغىسى، كىچىك يېزا - كەنت، قەدىمىي ئۆيلەر... قويۇق سەھرا پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ سۆزلەر مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئېگىنبۇلاق يېزىسى يۆلياڭدى كەنتىنىڭ ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىشىدىكى «ئاچقۇچلۇق سۆزلەر» بولۇپ، بۇنداق ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە تويۇنغان يېزا - كەنتلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا بارغانسېرى كۆپەيدى. بۈگۈنكى كۈندە، «سەھرا پۇرىقى» يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشىدىغان قىممەتلىك بايلىققا ئايلاندى، ئۇنى تولۇق ياخشى قېزىش، ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئىستېمال ئېھتىياجىمۇ ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بولۇپمۇ شەھەر ئاھالىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تامامەن ئوخشاش بولمىغان يېزا تۇرمۇشىدىن ھۇزۇرلىنىش قىزىق نۇقتا ۋە ئېھتىياجغا ئايلاندى. يېقىندا داڭق چىقارغان دىڭ جېن، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا نام قازانغان لى زىچىمۇ يېزا - قىشلاق چوپان ناخشىسىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالقىشقا ئېرىشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە 3300دىن كۆپرەك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى بەرپا قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا**، پىراكتىكانت **ئاراشجاپ پاما** خەۋەر قىلىدۇ: «ئولتۇراق رايونىمىز كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان ئولتۇراق رايونغا تەۋە، ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يېرىمىدىن ئاشىدۇ، كۆپچىلىك ئىش بولسا بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ، قىيىنچىلىق بولسا ئۆزئارا ياردەم بېرىمىز» دېدى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى) باجياخۇ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى خۇڭياڭ مەھەللىسى ياڭگۇاڭ جىشاڭ ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى پەرھات قاسىم ھويلا دەرۋازىسىدىكى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ قورۇسى»(ئولتۇراق رايونى) دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆرسىتىپ پەخىرلەنگەن ھالدا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭى شەھەر رايونى) باجياخۇ تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى خۇڭياڭ مەھەللىسىنىڭ كادىرلىرى قوشماقلاشقان تۇغقانلىرى بىلەن بىللە جۇۋاۋا تۈگكەچ پاراڭلاشماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

### ئونسۇ ناھىيەسىدە:

# كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقىنى تىزىملاش 30 خىزمەت كۈنىدىن بىر سائەتكە قىسقارتىلدى

5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خەن چىنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: «ئۆيۈمنىڭ كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى تېزلا بېجىرىپ بولدۇم، بۇ ئۈنۈم ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىكەن!» 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەسى بەيخې گۇڭيۈ ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى شيې يۆيۈ ئونسۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودىسى مەركىزىدىكى خىزمەتچىلەرنى توختىماي ماختىدى.

ئەگەر بىر يىل ئىلگىرى بولغان بولسا، شيې يۆيۈ ئۆيىنىڭ كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلسا، ھەر خىل تىزىملاش جەدۋىلى، ئىلتىماس ماتېرىياللىرىنى تولدۇرغاندىن كېيىن، يەنە 30 خىزمەت كۈنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى.

شيې يۆيۈنىڭ ئۆيىنىڭ كۆچمەس مۈلۈك ھوقۇقى گۇۋاھنامىسىنى تېز بېجىرەلىشى ئونسۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودىسى مەركىزىنىڭ ئىش بېجىرىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش جەريانىدا «بىر كۆزنەك قوبۇل قىلىش، كۆپ كۆزنەك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش»تەك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئەندىزىسىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ پايدىسىدىن بولدى. ئونسۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە ئاممىۋى بايلىق سودىسى مەركىزى ئىشنى ئامما ئويلايدىغان، ئۈمىد قىلىدىغان ئىشلاردىن باشلاپ قىلىپ، توسۇق نۇقتا، قىيىن نۇقتىلارنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، «كۆزنەكلەرنى بىرلىكتۈرۈپ مەخسۇس رايون تەسىس قىلىش، بايلىقنى ئەلالاشتۇرۇپ تورنى بىرلەشتۈرۈش، ھوقۇق بېرىشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

扫码下载
石榴云
客户端
天山网 www.ts.cn | 石榴云 | 新疆日报
新疆报业传媒集团